## ئابدە توختىھاجىنىڭ گۇۋاھلىقى

UTFW2-070 - Abida Tokhtihaji

1. مېنىڭ ئىسمىم ئابدە توختىھاجى، غولجا شەھەر، مۇڭغۇلكۈرە ناھىيەسى، بەختى يولى 1- نۇمۇردا ئولتۇرۇشلۇق. مەن 2013- يىلى 12- ئايدا چەتئەلگە چىقتىم. چەتئەلگە چىقىشتىكى مەخسىتىم: 2011-2012 – يىللىرىدىن باشلاپ بىزنىڭ ئەركىنلىكلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بولغۇلۇشقا باشلىدى؛ خىتتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇشقا ئۇچۇراپ كەلدۇق. 2011-2012 – يىللىرى ئىككى بالامنى مەكتەپكە-يەسلىگە بەردىم. بۇ ۋاقىتتا مەكتەپتىن بالىلارغا بىز بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى يېيىشكە زورلىدى، مەن يىگۈزمىسەم، مۇئەللىم نەچچە قېتىم ماڭا تېلېفۇن قىلىپ، بىزگە ماسلاشمىدىڭىز دېگەندەك گەپ قىلدى. ھەتتا، بالامنى ئالغىلى مەكتەپكە بارغىنىمغا، بېشىمدا ياغلىق بولغانلىقى ئۈچۈن مېنى مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغىمۇ يېقىن كەلتۈرمىدى،سىز نېرى تۇرۇڭ دەپ؛ ھەتتا، ئاتا-ئانىلار يىغىنى بولسىمۇ مىنى مەكتەپنىڭ ئىچىگە كىرگۈزمەيتتى. بىز نورمالدا مۇڭغۇلكۈرە ناھىيەسىدە سۈبھى سودا سارىيىدا دوكان ئاچاتتۇق،نەچچە قېتىم ساقچىلار دوكانغا كىرگەن بولدى، كىرىپ ياغلىقىڭنى ئال دەپ ماڭا بېسىم قىلغان بولدى. چۈنكى ياغلىق چىگىش ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق بىر ئەركىنلىكى ئىدى، مەن ئۆزۈمنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداشنى ئويلۇدۇم. بىر نەچچە قېتىم يوللاردا كېتىۋاتقان ۋاقىتتا ساقچىلار كىلىپ، قوراللىق – ئاپتۇمات، پىلىمۇتلار بىلەن كىلىپ مىنى قورشاپ، ئەتراپىغا ئېلىپ كىملىك نۇمۇرلۇرۇمنىڭ ھەممىسنى كىرگۈزۈپ تىزىملاپ، بۇداقى قېتىم تۇتۇلۇپ قالساڭ سىنى ئەكىتىمىز، بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا ئاگاھلاندۇرۇشمۇ يوق، دېدى.
2. مەن شۇ ۋاقىتتا ئۆزۈمنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ۋە ئىككى بالامنى ياخشى ئوقۇتۇش ئۈچۈن چەتئەلگە چىقىشقا مەجبۇر بولدۇق. 2013- يىلى 12- ئايدا چەتئەلگە، يەنى مىسىرغا چىققان بولدۇم. نورمال خىتتاي ئۆزى بەرگەن پاسپۇرت ۋە نورمال ۋىزا بىلەن چىقتىم. مىسىرغا چىققاندىن كېيىن ئىككى بالامنى نورمال ھۆكىمەتنىڭ مەكتىپىگە بەردىم، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا بالىلىرىمنىڭ بىرسى بەش ياش، يەنە بىرسى يەتتە ياش ئىدى. مىسىردا بالىلىرىمنى ياخشى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان بولدۇم. ئۇ ۋاقىتلاردا يولدىشىممۇ بىر نەچچە قېتىم بېرىپ كىلىپ، ۋەتەنگە نورمال قايتىپ تۇرغان بولدى. مەنمۇ تەتىلدە تەتىلدە بالىلىرىمنى ئېلىپ ئىككى-ئۈچ قېتىم ۋەتەنگە قايتقان بولدۇم ۋە تەتىل توشقاندا مىسىرغا (قايتىدىن) كەلگەن بولدۇم.

3. 2016- يىلى 4- ئايدا يولدىشىم مىسىردا ئىدى، 1- ئايدا كەلگەن. 2016- يىلى 4- ئاي بولغاندا يولدىشىمنى مەجبۇرى چاقىرتىپ، سەن دەرھال كەلمىسەڭ بولمايدۇ، دەپ ۋەتەندىن چاقىرتتى. ئۇ ۋاقىتتا يولدىشىم ۋەتەنگە قايتماي دىسە ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇققانلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا خېيىم-خەتەر يىتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ۋەتەنگە قايتىشقا مەجبۇر بوپ قالدى. مەن مىسىردا قېلىپ قالدىم. 2016- يىلى 4- ئاينىڭ ئاخىرىدا مەن ئاخىرقى قېتىم ۋەتەنگە باردىم. ۋەتەنگە قايتقان ۋاقتىمدا خۇددى جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەمگە ئوخشاش ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدىمۇ خاتىرجەم تۇرالمىدىم، چۈنكى مەن چەتئەلگە چىقىپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن، باشقا يەرلەردە- ئۇيەر بۇيەرلەردە، ئۈرۈمچىدە، تۇرپاندا، خوتەندە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. بىزنىڭ ئاشۇنداق بىر راھەتلىك،ياكى بىر ئەركىنلىك، خاتىرجەملىكتەك نەرسىلىرىمىزمۇ بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن 2016- يىلى 8- ئايدا يولدىشىمنى تۈرمىگە ئەكىرىپ كەتتى، بىر مېھمانغا بارغان يىرىدىنلام، شۇ يەرگە قۇراللىق كىلىپ يولدىشىمنى تۇتۇپ ماشىنىغا بىسىپ مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا كىچىك قىزىم ۋە ئاپام يېنىدا بار ئىكەن، ئۇلار، نەگە ئېلىپ ماڭىدىغانلار، دىسە، بىز خىزمەت بىجىرىۋاتىمىز، ھېچقايسىڭ ئارلاشمايسە دەپتۇ ۋە قۇراللىنى تەڭلەپ يولدىشىمنى ئاشۇ يەردىن ئېلىپ كىتىپتۇ. شۇ ئەكىرىپ كەتكەن پېتىم، 2016- يىلى 10- ئاينىڭ ئاخىرىدا يولدىشىم چىققان بولدى. ئۇ ۋاقىتتا خىتتاي ھۆكىمىتىنىڭ يولدىشىمنى ئەكىرىپ كىتىش سەۋەبى: سەن چەتئەلدىكى تىرورچىلارنى ئىقتىسادى ياردەم بىلەن تەمىنلىدىڭ دېگەن تۆھمەت بىلەن ئەكىرىپ كەتكەن بوپتۇ.

4. مەن 2016-2013- يىللىرى ئارىسىدا مىسىرغا بېرىپ كىلىپ تۇردۇم. يولدىشىمنىڭ بىزگە نورمال پۇل سېلىشى، ئائىلىسىنى قامىدىشى بىر نورمال ئىنسانلىق. بىزگە مىسىرغا پۇل سالغانلىقى ئۈچۈن. شۇنى سەن چەتئەلدىكى تىرورچىلارنى ئىقتىسادى ياردەم بىلەن تەمىنلىدىڭ دېگەن بوھتان بىلەن ئەكىرىپ كىتىپ ئىككى ئايدا چىققان بولدى. چىققاندىن كېيىن مەن يولدىشىمغىمۇ دىمەستىن ئىككى بالامنى ئېلىپ، ئۇ چاغدا ئۈچىنجى بالامغا ھامىلدار ئىدىم، چەتئەلگە يەنە يېنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدۇم. يولدىشىمنىڭ بۈنىڭدىن خەۋىرى يوق. چۈنكى، مەن يېنىپ چىقمىغان بولسام، يولدىشىمدىن كېيىن مېنى ۋە بالىلىرىمنىڭ قوشۇپ ئەكىرىپ كىتىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئىككى بالىدىن ئارتۇق بالا ئېلىشىمۇ بىزگە رۇخسەت قىلىنمايتتى، ئىلگىرىمۇ ئۈچىنجى بالامنى ئالالمىغان، (شۇڭا) ئۈچىنجى بالامنى ساقلاپ ئۇ يەردە تۇرغان بولسام، مېنى دوختۇرخانىغا مەجبۇريي ئاپىرىپ، ئۈچىنجى بالامنىمۇ – ھامىلىنىمۇ قورساقتىن چۈشىرۋېتەتتى ۋە بىر جانغا زامىن بولغان بولاتتىم. بالامنى قوغداش ئۈچۈن ۋە ئىككى بالامنىڭ ئىنسانىي ھەق-ھوقۇقلىرى بىلەن چوڭ بولىشى ئۈچۈن مەن بالىلىرىمنى ئېلىپ يەنە چەتئەلگە چىقىشقا مەجبۇر بولدۇم. بۈنىڭدىن يولدىشىمنىڭ خەۋىرى يوق. 2016- يىلى 10- ئاينىڭ 14-

كۈنى ئاخىرقى قېتىم ۋەتەندىن چىقتىم. 2017- يىلى 4- ئاينىڭ 1- كۈنى قورساقتىكى بالام مىسىردا تۇغۇلدى. 2017- يىلى 4- ئاينىڭ 11- كۈنى يولدىشىمنى ئىككىنچى قېتىم تۇتۇپ ئەكىرىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئالدىم. 2019- يىلىنىڭ ئاخىرى، يەنى يولدىشىمنى ئەكىرىپ كىتىپ ئىككى يېرىم يىلدەك ۋاقىتتىن كېيىن، يولدىشىمنى بىر قېتىم قويۇپ بىرىلگەنلىكىنى ۋە ئاز كۈندىن كېيىن قايتىدىن ئەكىرىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. شۇ ئەكىرىپ كەتكەنچە ھازىرغىچە يولدىشىمنىڭ ھېچقانداق بىر خەۋىرىنى-كېسىۋەتتىمۇ، ھايات ياشاۋاتامدۇ، ھېچقانداق خەۋىرىنى ئالالمىدىم.

5. ھازىر قېيىنى ئاتام ئىسمائىل ئىسكەندەر توغۇرلۇق گۇۋاھلىق بەرمەكچى. قېيىنى ئاتام ئىسمائىل ئىسكەندەر 75 ياش ئەتراپىدا، نورمال تىجارەتچى،مائارىپنى شۇنداق قوللايدىغان، مەكتەپلەر بولسۇن... جىق يەرلەر ئۈچۈن ئىئانە قىلغان، شۇنداق مەدەنىيەتلىك بىر ياخشى تىجارەتچى ئادەم. يولدۇشۇم ۋە قىينى ئاتام ھەممىسى ئىقتىسادلىق، ئىقتىساد ئىگىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، 2019- يىلى قېينى ئاتام ئىسمائىل ئىسكەندەرنىمۇ ھېچقانداق بىر گۇناھى يوق تۈرمىگە ئەكىرىپ كەتتى ۋە توققۇز يىللىق كېسىۋەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. مەن دادامنىڭ ھېچقانداق گۇناھى يوقلىقىغا ھەم ئىسپات بەرمەكچى.

6. ئاندىن، ئابدۇجىلىل ئابدۇخلىل، بۇ ئاكامنىڭ كىچىك ئوغلى، ئەمدى 18 ياشقا كىردى. 17.5 ياش ۋاقتىدا، يەنى 2021- يىلى 3- ئاي ئەتراپىدا، نورمال مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى ئىدى، ئەكىرىپ كىتىپ، ھازىرغىچە ھېچقانداق خەۋىرى يوق؛ 18 ياشقا توشمىغىچە خىتتاي ھۆكىمىتىنىڭ قانۇنىدا ئۇنىڭدا بىر جازا كېسەلمەيدىغانلىقى ئېنىق بولغاچقا، 3- ئايدا ئەكىرىپ كىتىپ، 5- ئاينىڭ 3- كۈنى، ئۇ نەخ 18 ياشقا توشقاندىن كېيىن بىر يېرىم يىل ئەتراپىدا كىسىدىغان بولدۇق، بىر يېرىم يىلدىن كېيىن چىقىدۇ، ئۆگىنىش قىلىدۇ دەپ ئەكىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىككى-ئۈچ ئايدىن كېيىن بىز ئۇنىڭ قاچان چىقىشىنى بىلمەيمىز، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن يېتىپ كىتىشى مۇمكىن، ئۇ بۇ دېگەندەك... ھازىر...ھەتتا قۇرامىغا يەتمىگەن كىچىك ئىنىمنىمۇ ئەكىرىپ كەتتى، ھازىر خىتتاي ھۆكىمىتىنىڭ لاگىرلىرىدا جاپا تارتىپ ئازاپلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ئوقۇش ھاياتى بار ئىدى... نورمال ئىنسانلارغا ئوخشاش ياشاش ھەققى بار ئىدى. ئۇنىڭكى... بارلىق ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھازىر بىر مۇسۇلمانلىقلا ئەمەس، بەلكى بىر ئېنىقتىن ئېنىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق بولدى بۇ. خىتتاينىڭ مەقسىتى بىزنى يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يوقاتماقچى، ئۇيغۇر دىگەن ئىسىمنى، ۋە ھەتتا ئۇيغۇر تىلىمىزنىمۇ يوقاتماقچى بولىۋاتىدۇ.

7. سىڭلىم پەرىدە ئىسمائىلنىڭ يولىدىشى ئابدۇرىشىد ئارۇپ ھەققىدىمۇ گۇۋاھلىق بىرىمەن. ئۇ 1985- يىلى توغۇلغان، نورمال بىر تىجارەت قىلىدۇ، ماشىنا ھەيدەيدىغان تاكسى

شوپۇرى ئىدى. ئۇنىمۇ بىگۇناھتىن بىگۇناھ ئەكىرىپ كىتىپ 30 يىللىق قاماققا كىسىۋەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدىم.

8. يەنە بىر سىڭلىم ئىلمىنۇر ئىسمائىلنىڭ يولدىشى يۈسۈپ ئىپىسا، تۇرۇشلۇق ئادرىسى غولجا شەھەر زايۇمكۇ مەھەللىسىدە تۇرىدۇ. يۈسۈپ ئىپىسانىمۇ 2016- يىلى ئەكىرىپ كەتكەنچە ھازىرغىچە ھېچقانداق خەۋىرىنى ئالالمىدىم.

9. بىزنىڭ مۇڭغۇلكۆرەدە ئولتۇرۇشلۇق 2- شودۈيدىكى تالىپ قارىكام ۋە ئالىم قارىم. تالىپ قارىكام 55 ياش، ئالىمجان قارىكام 45 ئەتراپىدا. ئۇلارنىمۇ 2015-2016- يىللىرى 10 يىللىقتىن قاماق جازاسىغا كىسىۋەتكەنلىكىنى 2016- يىلى ۋەتەنگە قايتقاندا ئىنىق ئاڭلىغان.

10. يولدىشىمنىڭ ئاغىينىسى شۆھرەتكام، مۇڭغۇلكۆرە ناھيەسى 2- شودۈيدە ئولتۇرۇشلۇق، شۆھرەتكامنىمۇ 30 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇمۇ بىر ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىپ، بالىسىنى بېقىۋاتقان، ھېچقانداق سىياسىي جىنايىتى يوق بىر ئادەم، ئۇنىمۇ 30 يىللىق كىسىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

11. ئاندىن، شىخەنزىدە ئولتۇرۇشلۇق مېنىڭ تاغام مامۇت قارى، يەنى مامۇتجان. تاغامنىڭ قانچە يىللىق كىسىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلەمەيمەن. 2016- يىلى ئەكىرىپ كەتكەنچە ھازىرغىچە ھېچقانداق خەۋىرى يوق. ئۇنىڭ ئوغلى مۇھاممەد مامۇتجان، ئۇمۇ شىخەنزە شەھرىدە ئولتۇرۇشلۇق، ئىنىق ئادرىسىنى ھازىر ئىسىمگە كەلمىدى. ئۇنىمۇ 2016- يىلى تۈرمىگە ئەكىرىپ كىتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىنلام 23 ياشلىق بالىنىڭ ئۆلىگىنى ئاچىقىپ بەردى. ھەتتا، ئۇنىڭ مېيت نامىزىغا ئادەم توپلانماسلىق، مەھەللىدىنمۇ ھېچ قۇلۇم-قوشنىلەرنىڭ كىرمەسلىكتەك چەكلىمىلەرنى قويدى ۋە ئاپامۇ خىتتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئاشۇ بېسىملىرى تۈپەيلىدىن شىخەنزىدىكى بۇ ئۆلۈمگە بارالمىدى.

12. ئاندىن، يولدىشىمنىڭ ئاغىينىسى مەمەتجانكام، 38-40 ياش ئەتراپىدا. مەمەتجانكامنىمۇ تۈرمىگە ئەكىرىپ كىتىپ ھازىرغىچە ھېچقانداق خەۋىرى يوقلىقىنى بىلدىم. ئۇنىڭ ئادرىسى مۇڭغۇلكۆرە ناھيەسى 2- شودۈيدە.

13. ئاندىن، يەنە بىرسى مۇڭغۇلكۆرە ناھيەسى 3- شودۈيدىكى نۇرمۇھاممەت قارىم، چوڭ مەسچىتنىڭ ئىمامى دەپ قويىدىغان، جىق بولسا 40 ياش ئەتراپىدا. ئۇنىمۇ ئەكىرىپ كەتكەن پېتىم ھېچقانداق خەۋىرى يوق. ئۇنىڭغا جازا كىسىلدىمۇ، ھېچنەرسىنى بىلمىدىم.

14. مېنىڭ خەلىقئارا جەمئىيەتلەر، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىدىن تەلەپ قىلىدىغىنىم: بىزنىڭ ھەقىقىي بىر مۇسۇلمانلىق دەۋاسى بىر تەرەپتە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئىنسانلىق ھەق-ھوقۇقىمىزنىڭ جايىغا كىلىشىنى... كىلىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىنى سورايمەن. ھەر بىر ئىنسان 21- ئەسىردە ئائىلىسى بىلەن نورمال ئالاقە قىلالاۋاتقان بىر

ۋاقىتتا بىزنىڭ ئائىلىمىز بىلەن، ئورۇق-تۇققانلىرىمىز بىلەن ھېچقانداق بىر ئالاقىمىز يوق. ھەتتا. تۈرمىگە تۇتۇلۇپ كىتىلگەن ئائىلىمىزدىكىلەر بولسۇن، ياكى ئۇرۇق-تۇققان، ئەتراپىمىزدىكى خۇلۇم-خوشنىلىرىمىز، دوستلىرىمىز بولسۇن، ئۇلارنىڭ تۇتۇلۇپ كىتىلگەندىن كېيىن قانداق بىر جىنايىتى بارلىقىنى سوراش ھەققىمىزمۇ يوق بولدى. شۇڭا بارلىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بىزلەرگە ئىگە چىقىشىنى، بىزنىڭ ھەقىقىي ئىنسانلىق كىشىلىك ھوقۇقىمىزنى قانۇن جەھەتتىن قوغداپ بىرىشىنى تەلەپ قىلىمەن.

**مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ ئەينەن يېزىلغانلىقىغا چۈشەندىم ھەم مەزمۇنلىرىغا قوشۇلىمەن.مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئالاھىدە سوتىنىڭ تور بىتىدە نەشىر قىلىنىغانلىقىنى ھەمدە ئاۋام كۆپچىلىككە ئاشكارە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن.**

**ئىمزا:**

**ۋاقىت:**